## 20803 ـ قۇرئاننى يادقا ئېلىشنىڭ ئەجرى

### سۇئال

هافىز(قۇرئاننى يادقا ئالغۇچى)بولۇشنىڭ ئەجرى نىمە ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

كىمكى قۇرئاننى يادقا ئالىدىكەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ھەركەت قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنى مۇكاپاتلايدۇ ھەمدە ئۇنى كاتتا شان–شەرەپلىك ئىگە قىلىدۇ ،شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جەننەتتىكى ئورنى ئۇ ئاللاھنىڭ كىتابىدىن يادلىغان مىقدارى بويىچە كۆتۈرلىدۇ .

تىرمىزىي(2914) ، ئەبۇ داۋۇت(1464) ، ئابدۇللاھ بىن ئامىردىن نەقىل قىلىدىكى ، پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : قۇرئاننىڭ ھەمرىيىغا : تىلاۋەت قىلغىن ھەمدە كۆتۈرۈلگىن ، سەن بۇدۇنيادا تىلاۋەت قىلغىنىڭدەك تىلاۋەت قىلغىن ، چۈنكى سىنىڭ ئورنۇڭ سەن تىلاۋەت قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتتە بولىدۇ . ( بۇ ھەدىس[ السلسلة الصحيحة(5281 ) ] تە ئەلبانىي تەرىپىدىن توغرا ھەدىس دەپ تۈرگە ئايرىلدى .) ئۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مۇنداق دىدى : شۇنى بىلىڭكى ، قۇرئاننىڭ ھەمرىيى دىگەننىڭ مەنىسى قۇرئاننى يادقا ئالغۇچى دىگەنلىك ، پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئىبىتقاندەك : قۇرئاننى كۆپرەك بىلگۈچى نامازدا كىشىلەرگە ئىماملىق قىلىدۇ ، بۇنىڭ مەنىسى قۇرئاننى ئەڭ كۆپ يادقا ئالغۇچى دىگەنلىك .جەننەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقۇرى–تۆۋەن بولۇشى بەزى كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇ كۈندە قانچىلىك تىلاۋەت قىلىشىغا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ بۇدۇنيادا قۇرئاندىن قانچىلىك يادقا ئالغانلىقىغا باغلىق . بۇ، قۇرئاننى يادقا ئالغۇچىنىڭ پەزىلىتىنى ئىنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ ، بىراق شەرت قۇرئاننى دۇنياۋى مەقسەتلەر ياكى ئىقتىسادى مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس ، ئاللاھ ئۈچۈن يادلىغان بولۇشى كىرەك .ئۇنداق بولمايدىكەن پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن )مۇنداق دىگەن : مىنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىكى مۇناپىقلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇرئاننى يادقا ئالغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ .

قۇرئاننى يادقا ئالغۇچى ھافىزنىڭ پەزىلىتى توغىرسىدا ، بۇخارىي(4937) ئائىشە دىن نەقىل قىلىدىكى ، پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن )مۇنداق دىگەن :

قۇرئاننى ئوقۇغۇچى ۋە ئۇنى يادقا ئالغۇچىنىڭ مىسالى بولسا ، ئۇ ياخشى ھۆرمەتلىك پۈتۈكچىلەر(پەرىشتىلەر) بىلەن بىللىدۇر . ئۇنى ئوقۇيدىغان ، گەرچە ئۇنىڭغا قىيىن كەلگەن بولسىمۇ ئۇنى يادقا ئىلىشقا قاتتىق تىرىشقۇچىنىڭ مىسالى بولسا ، ئۇ ئىككى ئەجىرگە ئىگە بولىدۇ .

قۇرئاننى يادقا ئالغۇچى ھافىزغا نىسبەتەن كىچىلىك ناماز ئۆتەش ئاسان بولىدۇ .ھەمدە قۇرئان ئۇنى قىيامەت كۈنى تېلىۋالىدۇ(شاپائەت قىلىدۇ) ، چۈنكى پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن )مۇنداق دىگەن : روزا ۋە قۇرئان كىشىنى قىيامەت كۈنى تېلىۋالىدۇ(شاپائەت قىلىدۇ ) . روزا دەيدۇ : ئى پەرۋەردىگار ، مەن ئۇنى كۈندۈزى يىمەك-ئىچمەكتىن ۋە كۆڭۈل ھەۋەسلىرىدىن مەھرۇم قىلدىم ، شۇڭا ئۇنى تېلىۋالاي . قۇرئان دەيدۇ : ئى پەرۋەردىگار ، مەن ئۇنى كېچىدە ئۇخلاشتىن مەھرۇم قىلدىم ، شۇڭا مەن ئۇنى تېلىۋالاي . ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇنى تېلىۋالىدۇ . ئۇنى ئەھمەت ، تەبەرانىي ۋە ھاكىم نەقىل قىلغان ؛ ئەلبانىي[ صحيح الجامع(3882)] دە توغرا دەپ تۆرگە ئايرىغان .

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى ، قۇرئاننى يادقا ئىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە تىلغا ئېلىنغان ئاجىز ھەدىس بار . ئۇ بولسا : قۇرئاننى ئېلىپ يۈرگۈچى ، ئەگەر ئۇ ھالال قىلغان نەرسىنى ھالال ، ھارام قىلغان نەرسىنى ھارام دەپ قارىسا ، ئۇ قىيامەت كۈنى ئائىلىسىدىن ئون كىشىنى تېلىۋالىدۇ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىشكە لايىق كىشىلەردۇر . بۇنى بەيھەقىي[ الشعب ] تە جابىردىن نەقىل قىلغان ، ھەمدە ئۇنى ئەلبانىي [ضعيف الجامع] تا ئاجىز دەپ تۆرگە ئايرىغان .